

# ۋاسلسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ۋاسلسا



مللەتلەر نەشرياتى
بېيجن - 1957

## كرش سۆز

بۇ رەسملك كتاپچه سوۋېت ئتتپاقنڭ قورچاق كنو فلمگه ئاساسەن تۈزۈلدى.

بر ئورمانلقتا ساپ نيەت، سايپ جامال بر قز ياشغان ئكەن. ئۇنڭ ئسمى ۋاسلسا ئكەن. ئۇنى بر دېۋە ئېلپ قېچپ ئوزىگە تېگشكە مەجبۇرلاپتۇ، تلسم ئوردىدكى ئالتۇنلار بلەن ئالداپتۇ؛ لېكن باتۇر ۋاسلسا زادلا ئالدانماپتۇ. شۇنڭ بلەن دېۋنڭ غەزىۋى ئورلەپ، ۋاسلسانى پاقغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ-دە، ئۈچ ژىل ئۈچ كۈنگىچە سازلقتا پاقا بولۇپ هايات كوچۇرۇدىغان، پەقەت كېچسلا ئادەم قياپتىگە كرەلەيدىغان قلپ قويۇپتۇ.


بر كۈنى ئىۋان دېگەن بر شاهزادە دادسنڭ ئەمرى بويىچە شكارغا چقپ، ئوقيا ئېتش يولى بلەن ئوزىگە لايق تاپماقچى بوپتۇ. شاهزادە ئىۋاننڭ ئاتقان ئوقى دەل پاقنڭ يېنغا چۈ-شۈپتۇ، شۇنڭ بلەن ئىۋان پاقنى ئېلپ كېلپ ئۇنى ئەمرىگە ئاپتۇ.

كۈنلەرنڭ بردە، ۋاسلسا بر زىياپەتكە قاتنشش ئۈچۈن ئادەم قياپتىگە كرىپتۇ، ئىۋان ئۇنى يەنە پاقغا ئايلنپ قال-مسۇن-دەپ پوستىنى كويدۇرۇۋېتپتۇ. ئەمما ئۈچ ژىل ئۈچ كۈن توشمىغانلقتن، دېۋە يەنە ئۇنى تلسم ئوردسغا ئېلپ كېتپتۇ. ئىۋان ۋاسلسانى ئزدەيمەن دەپ مڭ بر جاپالارنى تارتپ، تۈرلۈك هايۋانلارنڭ ياردىمى ئارقسدا، ئاخرى دېۋنى يوقۇتۇپ، ۋاسلسانى قۇتۇلدۇرۇپ ئاپتۇ.




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىستلى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇنسىنىڭ ـ بۇرۇنىسىدا، بىر ئور-
مانزارلىقتا سايىپ جامال بىرقىز ياشىغان ئىكەن؛ ئۇنىڭ ئىسمى
ۋاسىلىسا ئىكەن. ئۇ ناھايىتى ساپ نىيەت ئىكەن، ئۇ ئوت ـ ياش،
دەل ـ دەرەخ ۋە جان ـ جانىۋارلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈدى-
كەن ھەم ئۇلار بىلەن ياخشى چىقىشىپ قالغان ئىكەن.



بر كۇنى تويۇقسزلا كۇن تۇتولۇپ، قارا بوران چقىپ
ۋاسلسانى ئۇچۇرتۇپ كېتپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەسلىدە، ژىراق بىرجايدا دېۋە - پېرىلەر دۆلىتى بولۇپ، بۇ قارا بورانىنى شۇ دۆلەتتىكى دېۋە - پېرىلەر چىقارغان ئىكەن.




دېۋە سېھرى قىلىپ، بوران چىقىرىپ ۋاسىلىسانى ئوردىسىغا ئۇچۇرتۇپ ئەكىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «گوزەل ۋاسىلىسا، قاراڭ! بۇيەر نېمىدېگەن ياخشى، دەرەخلەرمۇ ئالتۇندىن، دەرەخلەردىكى قۇشلارمۇ ئالتۇندىن.» — دەپ ماختىنىپتۇ. لېكىن ۋاسىلىسا: «سېنىڭ بۇنداق يېرىڭنىڭ ماڭا ئېسقى يوق.» — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋاسىلىسا بىردىنلا ئالتۇن دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى ئارىسىدىن بىر تۇپ يېشىل ئوتنى كورۇپ قاپتۇ؛ ئۇ خوشال بولۇپ يېقىن كېلىپ قارىسا، بۇئوت ئوز ئورمانلىقىدىكى ئوت ـ ياشقا ئوخشاش ئىكەن، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىدا شەبنەممۇ بار ئىكەن.




دېۋە ئاچچىغلىنىپ: «ماڭا ئەل بولماسەن؟ بۇئوت مەن ئور–
مانلىقتا سېنى ئىستەپ ژۇرگەن ۋاختىمدا! يوشۇرۇن تۇنۇپ قاپتۇ.»—
دەپ، سېھرى ھاسىسى بىلەن بىر ئۇرغان ئىكەن، ھېلىقى ئوت شۇزامان
ئالتۇنغا، شەبنەم بولسا، مەرۋايىتقا ئايلىنىپ قاپتۇ.



www.uyghurkitap.com

دېۋە: «كوردۇڭمۇ؟ ئادەتتىكى شەبنەممۇ قىممەتلىك مەرۋايىتقا ئايلاندى! ئەگەر سەن ئوزۇڭنى ماڭا قوبۇل قىلساڭ، بۇ نەرسىلەرنى ساڭا بېرىمەن.» — دەپ ۋاسىلىسانى ئالداپتۇ.




غەزەپلەنگەن ۋاسلسا : «ساڭا تېگەمدم؟ سەن ئەينەككە بر قاراپ باققنا!» ـ دەپ، بر ئەينەكنى چقرپتۇ ـ دە دېۋنڭ ئالدغا ئېلپ كېلپ ئۇنڭ غەلتە سەت ئەپتنى ئۆزگە كورسۇتۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com



دېۋىنىڭ بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ جان- پېنى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەينەكنى تارتىپ ئېلىپ، يەرگە ئۇرۇپ پاچاقلاپ تاشلاپتۇ ۋە: «سەن مېنى سەت دەۋاتامسەن؟ خەير، ئەندى سەنمۇ مېنىڭ ئەينىگىمدە ئۆزەڭنى بىر كورۇپ باق!» — دەپتۇ ۋە ئاسمانغا قاراپ: «قۇللار، مېنىڭ ئەينىگىمنى تېزدىن كەلتۇرۇڭلەر!» — دەپ ۋاقىراپتۇ.




بىر قانچە شەپەرڭ ئاسماندىن بىر سېھرى ئەينەگنى ئەكېلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب ئوربىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تورىسى




دىۋە: «ژۈرىگىڭ بولسا بۇئەينەككە قاراپباق.» — دەپتۇ.
ۋاسىلىسا خاتىرجەم ھالدا: «قاراپ - قارىماي نىمىكەن.» — دەپ،
سېھرى ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر قارىغان ئىكەن، ئوھو...
ئۆزىنىڭ قانداق ئۆزگۆرۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلەلمەي قاپتۇ.




شۇنداق قىلىپ سايىپجامال ۋاسىلىسا دېۋىنىڭ سېھرىسى
بىلەن پاقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب ئۆيى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دېۋە ۋاسىلىسانى سېھرى بىلەن ئۈچ ژىل ئۈچ كۈن پاقا بولۇپ ژۈرۈدىغان، كېچىسىلا ئادەم قىياپىتىگە كىرەلەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ، شۇندىن ئېتىبارەن سازلىقتا هايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ.




شۇ ۋاختلاردا باشقا بىر شەھەردە بىر پادىشا بار بولۇپ، ئۇ، ئوردىسىدا ئۈچ ئوغلى بىلەن بىللە ياشايدىكەن.




www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى پادىشا ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپتۇ.



پادىشا بۇ ئۈچ ئوغلىغا: «جان ـ جىگەر بالىلىرىم، ئۆيلۈنۈ-
دىغان ۋاختىڭلار بولۇپ قالدى؛ مېنىڭچە مۇنداق بولسۇن: ھەر-
بىرىڭلەر بىردىن ئوقيا ئېلىپ، ئات بىلەن دالىغا چىقىپ، ئوقيا
ئېتىڭلار، سىلەرنىڭ ئوقۇڭلارنى كىم تېپىۋالسا، شۇ سىلەرنىڭ خو-
تۇنۇڭلار بولسۇن.» ـــ دەپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ ـــ ئۈچ شاھزادە پادىشانىڭ ئەمرى بويىچە، ئات بىلەن دالىغا چىقىپ، ھەر قايسى ئۆزىنىڭ ئوقياسىنى ئېتىپتۇ.




ئۈنجى شاھزادىنىڭ ئوقى بىر ئاق سۆڭەكنىڭ ھويلىسىغا
چۈشكەن ئىكەن، ئۇنى ئاق سۆڭەكنىڭ قىزى ئاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوتتۇرانچى شاھزادىنىڭ ئوقى بىر سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا
چۈشكەن ئىكەن، ئۇنى شۇ سودىگەرنىڭ قىزى ئاپتۇ.



كەنجە شاھزادە ـ ئۇۋاننىڭ ئوقى ئۇچۇپ كېتىۋېرىپتۇ.


www.uyghurkitap.com



كەنجە شاھزادە ئىۋان، ئوقىنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىق قوغلاپتۇ، ئۇ، نۇرغۇن ئورمانلىقلاردىن، تۈزلەڭلەردىن ئۆتۈپ، بىر سازلىققا كېلىپتۇ. قارىسا ئاتقان ئوقى بىر پاقىنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىۋان ئۆزىچە: «مېنىڭ ئۆيلىنىدىغان قىزىم قەيەردىكىنە؟» — دەپتۇ.



بىردىنلا ئارقىدىن ئاۋاز چىقىپتۇ: «شاھزادە ئىۋان! سىز ئۆي-
لىنىدىغان قىز مانا مەن، ئىككىمىز توي قىلايلى!» — دەپتۇ پاقا.




ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتىسى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىۋان : پاقا بىلەن قانداق تۇرمۇش قۇرارمەن، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن يەنە: دادامغا ۋەدە بەرگەن ئىدىم، ئەندى شۇ ۋەدەمنى ئورۇندۇشۇم كېرەك ، دەپ، قەتئى نىيەتكە كېلىپ: «بوپتۇ، مەن سېنى ئالاي.» ـ دەپتۇ ۋە پاقىنى ئېلىپ قايتىپتۇ.



ئەرتىسى پادىشا شاھزادىلەرگە توي قىلىپ بېرىپتۇ. تۇنجى شاھزادە ئاق سۆڭەكنىڭ قىزىنى ئاپتۇ. ئوتتۇرانچى شاھزادە سودىگەرنىڭ قىزىنى ئاپتۇ. كەنجە شاھزادە ئۇۋان بېشى تووەن، روھى چۈشكەن ھالدا پاقىنى ئەمرىگە ئاپتۇ.

www.uyghurkitap.com




بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشا يەنە ئوغۇللىرىنى قىچقارتىپ: «بالىلىرىم، قايسىڭلارنىڭ خوتۇنى ژىگىنە ئىش قىلالايدىغانلىقىنى نامەلۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈلارنىڭ ھەربىرى بىر كېچىدە بىردىن گىلەم توقۇپ كەلسۇن، كۆرۈپ باقاي.»— دەپتۇ.




تۇنجى شاهزادە بىلەن ئوتتۇرانچى شاهزادىنىڭ خوتۇنى گىلەم
توقۇپ كەلسۇن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، چوڭ ئانىلىرىنى تېپىپ
كېلىپ، ئۇلارغا، ئەرتە سەھەرگىچە بىردىن گىلەم توقۇپ تاپـ
شۇرۇسلەر، دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.



چوڭ ئانىلرى هېچنەرسە دېيەلمەي، خوپ دېيىشىپتۇ، لېكىن
ئۇلار يەنە گىلەمنى توقۇشنى خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇپتۇ.




خىزمەتكارلار ئاغزىدا ماقۇل دەپ قويۇپ، كېيىن يەنە گىلەمنى توقۇشنى ئەسكەرلىكتىن بوشانغان كاندىرا دېگەن بوۋايغا ھاۋالە قىپتۇ. كاندىرا باشقا ئىلاجى تاپالماي، ئۆزى توقۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.




www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا ئىۋان ناھايىتى غەمدە قاپتۇ، بۇ ھالنى كورگەن پاقا: «شاھزادە، نېمىشكە غەمكىن بولۇپ قالدىڭىز؟ نېمە بولدى؟» — دەپ سوراپتۇ. ئىۋان: «دادام سىزنى بىر كېچىدە بىر گىلەم توقۇپ كەلسۇن دەيدۇ.» — دەپتۇ. پاقا: «شاھزادە، سىز ئەندىشە قىلماڭ. بالدۇرراق ئۇخلاڭ، ئەتىگىچە مەن بىر ئامال قىلاي.» — دەپتۇ.




ئاخشىمى ئىۋان ئۇخلاپ قالغانـدىن كېيىن، پاقا ئاستاغىنە
دېرىزىگە چىقىپ، چىراقنى ئۆچۈرۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كېيىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ گۈزەل ۋاسىلىساغا ئايلىنىپتۇ. ئەسلىدە بۇ دېۋىنىڭ سېھرىسى بىلەن پاقىغا ئايلانغان ۋاسىلىسا شۇ ئىدى، ئۇ كېچىسىلا ئادەم قىياپىتىگە كىرالايتتى.




ۋاسىلىسا ئىۋاننىڭ يېنىغا كېلىپ، بىردەم مېھرىۋانلىق بىلەن
قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاندىن كېيىن، دېرىزە يېنىغا كېلىپ، دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي شولىسىنى ئېلىپ، ئۇنى ئاي نۇرلۇق گىلەمگە ئايلاندۇرۇپ، تالاغا ئەچىقىپتۇ




ۋاسىلىسا ئاي نۇرلۇق گىلەمنى دەرەخقە ئېسىپ قويۇپ، گىلەمگە بىر ئوچۇم توپىنى چېچىپ، قولى بىلەن بىر سىلىغان ئىكەن، ئۇ توپا كىچىك ـ كىچىك تاغلارغا، يايلاققا ۋە ئورمانـغا ئايلىنىپتۇ.

www.uyghurkitap.com




ۋاسلسا گلەم ئۈستگە بر يۈتۈم سۇ پۈركگەن ئكەن، سۇ دەرياغا ئايلنىپتۇ، قول ياغلقنى گلەمگە تاشلغان ئكەن، قول ياغلق قولۋاققا ۋە شاھزادە ئىۋانغا ئايلنىپتۇ. ئۇ يەنە بر پۇدىگەن ئكەن، قولۋاق سۇدا لەپلدەپ مېڭىپتۇ.



ۋاسىلىسا ئاي نۇرلۇق گىلەمنى پۈتتۈرۈپ بولۇشى بىلەن تاڭمۇ ئاتاي دەپ قاپتۇ. شۇڭا ئۈيەنە پاقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەتىگەنلىكى ئىۋان ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، پاقا: «سويۇملۇكۇم، گىلەمنى تەييارلاپ قويدۇم. ئەندى ئوردىغا ئاپىرىپ بەرسىگىز.» — دەپتۇ.




بىر دەمدىن كېيىن، ئاغا ـ ئىنى ئۈچەيلەن پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. چوڭ ئوغلى دوغىنىڭ سورىتى چۈشۈرۈلگەن بىر گىلەمنى ئېچىپ كورسۇتۇپتۇ. پادىشا: «يامان ئەمەسكەن، ئېغىلغا ئاپىرىپ قويۇڭلار!» ـ دەپتۇ.




ئوتتۇرانچىسى ئىككى بېلىقنىڭ سورىتى چۇشۇرۇلگەن بىر گىلەمنى كورسۇتۇپتۇ. پادىشا: «پۇت سۇرتكىلى بولغىدەك، ئىشىك ئالدىغا سېلىپ قويۇڭلار!» ـ دەپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىۋان گىلەمنى يايغان ئىكەن، دەرياسۇيى لەپەگىشىپ، قولۋاق ئۈزۈپ تۇرغىدەك، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرغىدەك.



پادىشا ھەيران بولۇپ: «پاھ! ئەجايىپ چىرايلىق گىلەم ئىكەنە، مەن بۇنداق چىرايلىق نەرسىنى تا مۇشۇ ۋاختىقىچە كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم،» — دەپ خوشاللىقىدىن چاۋاك چېلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا شۇ كۈنى كەشتە ئوردىدا زىياپەت بەرمەكچى بولۇپ، ئوغۇللىرىغا: خوتۇنلىرىڭلارنى بىللە ئەكېلىڭلار، دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىۋان غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىپ، پاقىغا: دادام بۇگۈن ئاخشام سېنى زىياپەتكە ئېلىپ كەل دەيدۇ؛ پاقىنى خوتۇنۇم دەپ كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارارمەن، دەپ ھەسرەتلىنىپتۇ. پاقا: «ئەندىشە قىلماڭ، سىز ئالدىدا بېرىڭ، مېنى، ئارقامدىن كېلىدۇ دەپ قويۇڭ.» — دەپ ئىۋانغا تەسەللى بېرىپتۇ.




ئاخشىمى زىياپەت باشلىنىپتۇ، تۇنجى شاھزادە بىلەن ئوتتۇ-
رانچى شاھزادە ئۆز خوتۇنلىرى بىلەن زىياپەتكە كېلىشىپتۇ، ئۇۋان
بولسا بىرچەتتە غەمكىن ھالدا يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




تۈنجى شاھزادىنىڭ خوتۇنى: «سىز نىمىشكە خوتۇنىڭىزنى ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟ ياغلىقتا ئوراپ ئەپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟...ھا ـ ھا ـ ھا !...» ــــ دەپ، ئىۋانىنى مازاقلاپ كولۇپتۇ. ئوتتۇرانچى شاھزادىنىڭ خوتۇنى: «ئۇ سايىپ جامالنى نەدىنمۇ تېپىپ كەلگەنسىز، بەلكىم ئۇنى تاپىمەن دەپ پۈتۈن سازلىقلارنى ئوك ـ تەتۈر قىلىۋەتكەنسىز؟» ــــ دەپ تېخىمۇ مازاق قىپتۇ.



دەل شۇ ۋاختىتا ئوردا ئالدىدا ئات ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، قارـ
غىدەك بولسا ۋاسىلىسا ئۈچ جۈپ ئارغىماق قوشۇلغان، كېلىشكەن
بىر ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ئوردا ئالدىغا كېلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ۋاسىلىسا ھارۋىدىن چۈشۈپ، مېھمانخانىغا كىرىپ، ئىۋانغا: «مەن
سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ۋاسىلىسا بولۇمەن، كېچىكىپ قالدىم، ئەپۇ قىلىڭ،
ئاتىڭىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، جابدۇنۇشقا توغرى كەلدى.» —
دەپتۇ.



زىياپەت باشلانغاندا ۋاسىلىسا بىلەن ئىۋان قەدەھ كۆتۈرۈشۈپتۇ.




قىزىق گەپ: ۋاسىلىسا ئېشىپ قالغان غاز ئۇستىخانلىرىنى ۋە هاراقلارنى يېگىنىڭ ئىچىگە توكۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




چوڭ شاھزادىنىڭ خوتۇنى بىلەن ئوتتۇرانچى شاھزادىنىڭ خوتۇنىمۇ ۋاسىلىسانى دوراپ، ئۇستىخان ۋە ھاراقلارنى يىگىنىڭ ئىچىگە توكۈپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



ۋاسىلىسا بىلەن ئىۋان ئۇسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. ۋاسىلىسا قولىدىكى بىلەزۈك بىلەن ئۈزۈكلىرىنى ئاسمانغا بىر ئاتقان ئىكەن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ زالنى گۈزەللەشتۈرۈۋېتىپتۇ.



ۋاسىلىسا بايىقى يېڭىدىكى ئۇستىخانلارنى ئاسمانغا بىر ئاتقان ئىكەن، ئۇرغۇنلىغان گوزەل غازلارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ يەنە بىر ئورگۈلۈپ بايىقى هاراقلارنى توككەن ئىكەن، يەر دەرياغا ئايلىنىپتۇ ۋە غازلار خوشال هالدا سۇدا ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋاسىلىسا ئۇسۇل ئويناپ بولغاندىن كېيىن، تۇنجى شاھزادىنىڭ
خوتۇنى بىلەن ئوتتۇرانچى شاھزادىنىڭ خوتۇنى ئۇسۇل ئويناشقا
باشلاپتۇ.




بۇ ئىككويلەننىڭ ئۇسۇل ئويناۋېتىپ ئاتقان ئۇستىخانلىرى ۋە
چاچقان ھاراقلىرى پادىشانىڭ باش - كوزىگە چېچىراپ چۈشۈپتۇ.
پادىشا دەرھال: «سويۇملۇك كېلىنلىرىم! بەس، ئويناشنى توخ-
تۇتۇڭلار!» ـــ دەپ ۋاقىراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




شۇپەيتتە ئىۋان ۋاسىلىسانى ئەبەدىل- ئەبەت پاقىغا ئايلاندۇر-
ماسلىق ئۈچۈن، دەرھال ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، پاقىنىڭ پوستىنى
مەشكە تاشلىۋېتىپتۇ.




ۋاسىلىسا ئۇلگۈرەلمەيتۇ ۋە مەيۇسلەنگەن ھالدا: «ئىۋان، چاتاقتا
يولۇقتىڭىز! ئەگەر ئۈچ كۈن تەخىر قىلغان بولسىڭىز، ئۆمۈرۋايەت
سىزنىڭ بولغان بولاتتىم! ئەندى ئىش چاتاق بولدى، خەير،
ئىسىڭىزدە بولسۇن، مېنى ژىراق يەردىكى دېۋە ماكانىغا بارسىڭىز
شۇيەردىن تاپىسىز، خەير ئىۋان.» — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ۋاسىلىسا ئۇۋان بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، دەرھال غازغا
ئايلىنىپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.




ئىۋان پۇشايمان يەپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ، دەرھال دۇلدۇلغا
مىنىپ، ۋاسىلىسانىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىۋان نۇرغۇن يول بېسىپتۇ، بىر جاڭگاللىغا كەلگەندە قاتتىق جۇدۇنغا يولۇقۇپ، دۇلدۇلى توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ.



ئىۋان دۇلدۇلدىن ئايرىلىپ، پىيادە مېڭىپتۇ. نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، بىر ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ، ئۇ، ھەم ئاچ ھەم ئۇسسۇز بولغانلىقتىن بۇ ئۆستەڭدە سۇ ئىچمەكچى بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇ پەيتتە، سۇدىن دېۋىلەر ماكانى كورۇنۇپتۇ، قارىسا ئالتۇن مۇنار ئىچىگە بەنت قىلىنغان ۋاسىلىسا: «مۇگلۇق ناخشام، بىرىپ ئىۋانغا يەتكىن، ئۇ ھەسرەت چەكمىسۇن.» ـــ دەپ ناخشىسىنى ئاياغلاشتۇرۇپلا كوزدىن غايىپ بوپتۇ.



دەل شۇچاغدا، بىر بوۋاي كېلىپ قاپتۇ، ئۇ ئۇۋانىنىڭ كۆڭ-
لىدىكىنى بىلىدىكەن، ئۇۋانغا ئىچى ئاغرىپ: «شاھزادە ئۇۋان! سىز نېمە
ئۈچۈن پاقىنىڭ پوستىنى كۆيدۈرۈۋېتىسىز؟ ئۆزىڭىز كەيگۈزمىگەن-
دىن كېيىن، ئۇنى سالدۇرۇۋېتىشىڭىز توغرى ئەمەس ئىدى.» — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

بوۋاي سوزنىنى توگۇتۇپ، هاسىسىنى ئۇشتۇپتۇ-دە، ئاچماق ئۇچىنى يەرگە قويۇپ، ئۇچىغا بىرتۇپ موگۇنى ئۇزۇپ كەيگۈزۈپتۇ.




بوۋاي قولنى يەردىكى ھاسىدىن ئېلىشىغا، ھاسىغا بىردىنلا جان كىرىپتۇ، ئۇ تاخلاپ ئويناقلاپتۇ. بوۋاي ئىۋانغا: «بۇ ياغاچ سىزگە يول باشلاپ بېرىدۇ، بۇ قەيەرگە ماڭسا، شۇيەرگە بېرىڭ.»—دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بوۋاي سوزنىنى تۇگەتكەندىن كېيىن، ياغاچ ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ.
ئۇ بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ، ياغاچنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.




ئىۋان ماگا ـ ماگا، بىر يەرگە بارغاندا بىر ئېيىققا يولۇقۇپ قاپتۇ ـ دە، بۇنى قارىغا ئېلىپ ئاتماقچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئېيىق: «شاھزادە ئىۋان مېنى ئاتماڭ، بالىلىرىمغا ئىچىڭىز ئاغرى‐
سۇن! سىزگە كېرەك بولۇپ قالۇرمەن.» ــ دەپ يىلىنىپتۇ.




ئۇۋان ئېيىقنى قويۇۋېتىپ، يەنە ياغاچنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ، بىر يەرگە بارغاندا، بىر قېرى بۆرىگە يولۇقۇپتۇ. ئۇۋان ئۇنى ئاتماقچى بولغاندا، بۆرى: «مېنى ئۆلتۈرمەڭ، بالىلىرىمغا ئېچىڭىز ئاغرىسۇن، كېيىن ئەسقېتىپ قالۇرمەن.» — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئۇۋان بورىنى قويۇۋېتىپ يەنە ياغاچىنىڭ كەينىدىن ماگا-ماگا، بىر دەرەختە ئولتۇرغان قۇشقا يولۇقۇپتۇ. ئۇۋان ئۇنى ئاتماقچى بولغاندا، قۇش: «بالىلىرىمنى يېتىم قىلماڭ! مېنى ئاتماڭ، كېرەك بولۇپ قالۇرمەن.» —دەپ يالۋۇرۇپتۇ.




ئىۋان قوشنى قويۇپ بېرىپ يەنە ياغاچنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، بىر دېڭىز ياقىسىغا يېتىپ كېلىپ، تور ئىچىدە تۇرغان بىر كىچىك موككا بېلىقنى كورۇپ قاپتۇ. بېلىقنىڭ ئانىسى دېڭىزدە تۇرۇپ: «شاھزادە ئىۋان، تور ئىچىدىكى بالامنى قۇتۇلدۇرۇپ قويسىڭىز! بىر كۈنى ئەسقېتىپ قالۇرمەن.» — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئۇۋان چوڭ بېلىقنىڭ سوزىنى قوبۇل كورۇپ، بېلىقنىڭ بالىسىنى
توردىن ئېلىپ، دېڭىزگە قويۇۋېتىپتۇ.



ئىۋان ياغاچنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ياغاچ يوقۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئۆيدە بىر جادىگەر موماي بار ئىكەن، ئۇ، ئىۋاننى قىزغىن كوتۇۋەپتۇ. ئىۋان شۇيەردە بىر كۈن قونۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەتىسى سەھەردە موماي ئىۋانغا بىر قۇرجەك كىيىمى كەيگۈزۈپ، بىردانە خەنجەر بېرىپ: «ۋاسىلىسانى تېپىش ئاسان ئەمەس، دېۋە چېقىلغىلى بولمايدىغان نەرسە. ئەمما مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈندىن بېرى ئۆچەكىشىپ قالغان»— دەپتۇ.




موماي ئۇنڭغا: «برتال ژڭنه بار، ئۇنڭ بله‌ن دىۋنى ئۆل-
تۈرۈش مۇمكۈن. ئۇ ژڭنه ئۆرده‌ك تۇخۇمنڭ ئچىده. ئۆرده‌ك
تۇخۇمى ئۆرده‌كنڭ قوسغىدا. ئۆرده‌ك بر توشقاننڭ قوسغىدا.
توشقان قۇلۇپلانغان ساندۇقنڭ ئچىده. ساندۇق بر چنارغا
ئېسغلىق.» — ده‌پتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




موماي ئىۋانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ بىر ئىسقىرتىپتىكەن، بىر دۇلدۇل پەيدا بوپتۇ، ئىۋاننى شۇ ئاتقا مىنگۈزۈپ يولغا سەپ قويۇپتۇ.



ئىۋان دۇلدۇلنى مىنىپ، موماي كورسەتكەن دېڭىزگە قاراپ
ئۇچۇپتۇ .


www.uyghurkitap.com

بۇ ۋاختتا دېۋە ئۇۋانىنىڭ ھەركەتلىرىنى سېھرى ئەينىگىدىن
كۆرۈپ، ناھايىتى ئاچچىغلىنىپتۇ. ئۇ قەھرى - غەزىپى بىلەن: «ھە،
كەمپىر چوچۇرىنى خام سانىما، ئۇۋان كەلگەن بىلەنمۇ قورقمايمەن،
ئۈچ باشلىق ئەژدەرھايىم چىنارىدىكى ساندۇقنى مۇھاپىزەت
قىلىدۇ!» — دەپتۇ.




. بۇ، ئارالدىكى ساندۇق ئېسىغلىق چىنار. چىنارنىڭ ئاستىدا ئۈچ باشلىق ئەژدەرها ئاغزىدىن ئوت چىقىرىپ، چىنارنى ژىراقتىن مۇهاپىزەت قىلىپ تۇرۇۋدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

باتۇر ئۇۋان كېلىپ، ئوت ئىچىدىن باتۇرلارچە ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ.




ئىۋان چىنارنىڭ يېنىغا چوشۇپتۇ. ئۈچ باشلىق ئەژدەرھا ئاغزىدىن ئوت چىقىرىپ ئىۋاننى ئالغا باستۇرماپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىۋان ئەژدەرھانىڭ قېشىغا كېلىپ، بىردەمدە ئۇنىڭ ئىككى بېشىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوت خېلى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، لېكىن ئەژدەرھانىڭ قەپ قالغان بىر بېشى يەنە ئوت چېچىرتىپ تۇرۇپتۇ.




ئىۋان ئەژدەرھانىڭ ئاخىرقى بېشىنى كېسىپ بولۇپ، خەنجەرنى
غىلاپقا سەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دېۋە ئوز ئەژدەرھاسىنىڭ يوقۇتۇلغانلىقىنى كورۇپ، دەرغەزەپ بىلەن: «يارايسەن شاھزادە ئىۋان، لېكىن، قانداق بولمىسۇن، گوزەل ۋاسىلىسانى ساڭا كورسەتمەيمەن.» — دەپتۇ.



دىۋە ۋاسىلىسا بەنت قىلىنغان يەرگە كېلىپ، ھاسىسىنى ۋاسىلىسا-
نىڭ بېشىغا بىر تەكۈزۈپتىكەن، ۋاسىلىسا، ئاستا-ئاستا، ئالتۇن
ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىۋان ئۈچ باشلىق ئەژدەرھانى يوقاتقاندىن كېيىن، چىنار-
دىكى ساندۇقنى ئالماقچى بوپتۇ. لېكىن چىنار ناھايىتى ئېگىز
ئىكەن. ئىۋان پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ كۆرۈپتۇ، ھېچنەرسە
قىلالماپتۇ.




دەل شۇچاغدا ئېيىق يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇ كۈچلۈك بولغاشقا، ئۇۋانغا ياردەملىشىپ، چىنارنى ژىقىتىپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




چىناردىكى ساندۇق يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپتۇ. ئۇشتۇمتۇت،
ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر توشقان چىقىپتۇ.



بۇ توشقان ئۇشقاندەك ژۇگۇرۇپتۇ. ئۇۋان يېتىشەلمەي تۇرغىنىدا[1]، بورى يېتىپ كېلىپ، تۇتۇۋېلىپ يېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



ليكىن، توشقان بىردىنلا ئۆردەككە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ
ئۇۋان ئوقيا بىلەن ئاتماقچى بولغاندا، بىر قۇش كېلىپ ئۆردەكنى
ھۇركۇتكەن ئىكەن، ئۆردەكنىڭ قۇرسىقىدىكى تۇخۇم يەرگە
چۈشۈپ كېتىپتۇ.



ئۇردەك تۇخۇمى يەرگە چۈشۈپلا دۇمۇلاپ كېتىپ بارغىدەك؛ ئۇۋان ئارقىسىدىن شۇنچە قوغلاپمۇ يېتىشەلمەپتۇ، ئاخىرى تۇخۇم دېڭىزگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئىـۋان قانداق قىلىشىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، ئۇ تۇخـۇمنى
دېڭىزدىكى مۇككا بېلىق چىشلەپ چىقىپ ئىۋانغا بېرىپتۇ.



لېكىن ئۇ تۇخۇم تاشتەك چىڭ ئىكەن، ئۇۋان تاش بىلەن ئۇرۇپتىكەن ، تاش پارچىلىنىپ كېتىپتۇ؛ تۇخۇم ھېچنەرسە بولماپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇچاغدا، دېۋە ئىۋاننىڭ ئوردەك تۇخۇمنى قولغا چۈشۈرۈپ ئالغانلىقىنى سېھرى ئەينىكى بىلەن كۆرۈپ، ھودۇقۇپ قاپتۇ، ئۇ بىر سىلكىنىپلا چوڭ بىر قۇزغۇنغا ئايلىنىپ، بىر توپ كىچىك قاغىلارنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىۋاننى چوقۇپ ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.




ئۇۋان قۇزغۇننىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئوقيا ئېتىپتۇ، ئوق قۇزغۇنغا تېگىش بىلەنلا يەنە كەينىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قۇزغۇن ئۇۋانغا يېقىن كەلگەندە، ئۇۋان خەنجەر بىلەن بىرنى ئۇرغان ئىكەن، خەنجەر قۇزغۇنغا تېگىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ.



ئۇۋان خەۋپ ئاستىدا تۇرغاندا، بايىقى قۇشنىڭ بالىسى يېتىپ
كېلىپ، تۇخۇمنى چوقۇپ يېرىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ۋالىلداپ
تۇرغان بىر تال ژىگىنە چىقىپتۇ. دۇنيادا پەقەت مۇشۇ ئوتكۇر ژىگىنىلا
ياۋۇز دېۋىنى ئولتۇرەلەيدىكەن.




ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇزغۇن يوقۇلۇدىغانلىغىغا كوزى يېتىپ، سېھرلىك كۇچىدىن قاپتۇ ۋە دەرھال ئارقىغا قاراپ بەدەرقىچىپتۇ.




چەبدەس ئۇۋان دەرھال ژىڭنىنى ئوقنىڭ ئۇچىغا بەكىتىپ،
قۇزغۇنغا ئاتقان ئىكەن، ژىڭنە چىنىگەن يەرگە تېگىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قۇزغۇن بىردىنلا دېۋە شەكلىگە ئۆزگىرىپتۇ، ئاندىن بىر قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلىنىپ دېڭىزگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.



شۇچاغدا يەر جاھاننى زىل-زىلىگە كەلتۈرگەن بىر ئاۋازچىقىپ، دېۋە ئوردىسى گۇمران بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىۋان گوزەل ۋاسىلىسانى تېپىپتۇ، قارىسا ئۇ ئالتۇن ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىكەن. ئىۋان كوڭلى يېرىم بولۇپ، ۋاسىلىسانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا سويۇپتۇ.




قاراڭ بۇ كارامەتنى! ئۇۋانىنىڭ سويۇشى بىلەن ، ۋاسىلىسساغا
ئاستا ـ ئاستا جان كىرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستىنى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ۋاسىلىسامۇ ئەتراپتىكى ئالتۇن دەرەخ ۋە ئالتۇن قۇشقاچلارنى سىلىغان ئىكەن، ئۇلارغىمۇ جان كىرىپتۇ.



بىر دەمنىڭ ئىچىدە تاغ ئارىسىدىكى ئوتلار جانلىنىپ كۆ-
كىرۇپتۇ. ئورغۇنلىغان ھايۋاناتلار ۋاسىلىسا بىلەن ئىۋانىنىڭ ئارقىسى-
دىن، خوشال - خورام مېڭىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇ ئەسنادا موماينىڭ دۇلدۇلى يەنە يېتىپ كېلىپتۇ، ئىۋان ۋاسىلىسانى دۇلدۇلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، ژۇرتىغا قايتىپتۇ. ئۇلار شۇندىن باشلاپ بەختىيار تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپتۇ.

بۇ كىتاپ «چاۋخۋاسەنئەت» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956 - يىلى يانۋاردا نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据朝花美术出版社1950年1月第1版第1次印刷版本譯出


كىتاپ نومىرى: 1119(4)235

ۋاسىلىسا

---

جۇڭگو كىنو - فىلىم شىركىتى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن.

رەسىمنى سىزغۇچىلار: جاۋخۇەنجۇ ۋە باشقىلار.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. ئابدۇللايۇۋ.

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: توختى باقى.

كوررېكتورى: ھ. كەنجىيېۋ.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس. بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن - 047».

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.

جىنخۇا مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

---

1957 - يىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1957 - يىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

فورمات: 787×1092 1/40 م.م. ھەجمى: $2\frac{13}{21}$ باسما تاۋاق.

تىراژى: 1-11700. باھاسى: 21 پۇڭ.

بىرلەشمە نومېرى: M 8049 ئۇيغۇرچە 62.

www.uyghurkitap.com

書號:1119(4)235
青蛙公主
(維吾尔文)
中国电影发行公司改編
焦焕之等描絵
阿·阿不都拉优夫譯
吐乎提巴克校訂
哈米提校对
民族出版社出版
地址:北京國子監特54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷廠排版
京华膠印廠印刷
新華書店發行

1957年6月北京第一版
1957年6月北京第一次印刷
787耗×1092耗1/40 印張2⅘
印數:1—11,700冊 定價二角一分
統一書號. M8049·維62